شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھېكايىلىرى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئوچۇق قىلىنغان سۆز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى: «نامراتلارنى يۆلەشتە ئاۋۋال ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، مائارىپ بايلىقىنى باراۋەرلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنىڭ باشلىنىش پەللىسىدىلا ئۇتتۇرۇپ قويۇشقا يول قويماي، نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنى توسۇپ ئۈزۈۋېتىش كېرەك».

پەقەت «نامراتلىق» ۋە «نادانلىق»نىڭ يامان خاراكتېرلىك ئايلىنىشىنى بۇزۇپ تاشلىغاندىلا، «ئاجىز قۇش» ئاندىن قانات قېقىپ پەرۋاز قىلالايدۇ.

لېكىن، بىپايان جۇڭخۇا زېمىنىدا، «ماتەي ئېففېكتى» دېلو مەسىللىرى ناھايىتى كۆپ — قانچىكى نامرات بولغان جايدا مائارىپنى يولغا قويۇش شۇنچە تەس، لېكىن قانچىكى نامرات بولغان جاي مائارىپنى يولغا قويۇشقا شۇنچە ئېھتىياجلىق، مائارىپنى قانچىكى يولغا قويمىغانسېرى شۇنچە نامراتلىشىپ كېتىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋال باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى ——

«مەن بىر قىسىم نامرات جايلارغا بېرىپ، بەزى بالىلارنىڭ يەتتە - سەككىز ياشقا كىرىپمۇ، تېخىچە ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مەكتەپتە ئوقۇمىغانلىقىنى كۆردۈم. نامرات رايونلارنىڭ مائارىپىنى چوقۇم يۈكسەلدۈرۈش كېرەك، بالىلارنىڭ باشلىنىش پەللىسىدىلا ئۇتتۇرۇپ قويۇشقا يول قويماي، ئۇلارنى تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش، داشۆدە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك، يەنە سەككىز - ئون يىلدىن كېيىن ئۇلار بىبىش ماھىرلىرىغا ئايلىنىپ، ھېچبولمىغاندا تاماق يېگۈدەك پۇل تېپىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، قايتا نامرات تۇرمۇش كەچۈرمەسلىكى مۇمكىن».

مائارىپلا نامرات رايونلارنى تېز ئۇچىدىغان قوش قاناتقا ئىگە قىلالايدۇ، «ئاجىز قۇش بالدۇر ئۇچۇش» ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ!

«ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش» ئۈچۈن، ئۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆردى — ئۈچ سائەتتىن كۆپرەك جاپالىق يول يۈرۈپ جۇڭچىڭنىڭ تاغ ئىچكىرىسىدىكى جۇڭيى يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپكە كېلىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىنىڭ تاماق زالى، ئارقا ئاشخانىسىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈردى، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

«ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش» ئۈچۈن، ئۇ چارە ئويلىدى — «نامرات تاغلىق رايونلارغا يېزا - كەنت ئوقۇتقۇچىلىرى كىرىشى ياكى بالىلار سىرتتا مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇشى كېرەك. ھەقىقەتەن بەك چەت - يىراق رايونلاردا مەركەزلەشتۈرۈپ ياتاقتا ياتقۇزمىسىمۇ بولىدۇ، ياتاقتا يېتىش نۇقتىسىغا بېرىش ئۈچۈن، بالىلار نەچچە سائەت يول ماڭىدۇ، بەك خەتەرلىك. ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىشكە بولىدۇ، تەمىناتىنى ياخشىراق قىلىپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويسا بولىدۇ، بۇنداق كەچۈرمىشنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم ئاساسى قىلىش كېرەك».

«ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش» ئۈچۈن، ئۇ ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى — «دۆلەت تەربىيەلەش پىلانى(2014)» بېيجىڭ سىفەن داشۆسىنىڭ گۇيجوۋ مۇھاكىمە كۇرسىدا تەربىيەلىنىشكە قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلارغا قايتۇرغان جاۋاب خېتىدە، ياشلار «تىرىشىپ مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ ئىلگىرىلىگۈچىلىرى، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئالدىن يۈرگۈچىلىرى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى يېتەكلىگۈچىلەر بولۇشى كېرەك» دەپ سەممىي تاپىلىدى.

«ئاجىز قۇش بالدۇر ئۇچۇشقا ئىنتىزار بولىدۇ» دېگەن ئېتىقاد ۋە ئىرادە بىلەن ئۆزگىرىشلەر ئاستا - ئاستا يۈزبەردى ——

«ھازىر پارتىيەنىڭ سىياسىتى شۇنچە ياخشى تۇرسا، غەيرەت قىلىپ ئىشلىمىسەك باش شۇجىغا يۈز كېلەلمەيمىز!» خېبېينىڭ فۇپىڭ ناھىيەسى لوتوۋەن كەنتىدە ئاددىي - ساددا كەنت ئاھالىلىرى بىردەك شۇنداق دېيىشتى.

«ئىشەنچ بولسىلا، سېرىق توپىمۇ ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ»، باش شۇجىنىڭ ئەينى يىلى قىلغان بۇ سۆزى ھەقىقەتەن توغرا چىقتى» دېدى يۇرتداشلار كۈلۈپ تۇرۇپ.

كىچىككىنە كەنتتە بىر يىلدا بىر خىل ئۆزگىرىش بولدى. ئىلگىرىكى ئىسرىق ئوتى يېلىنجاپ تۇرغان كىچىك بۇتخانىنى ئۆمۈچۈك تورى قاپلىدى. «كۆجە كۆيدۈرۈشكە تايىنىپ نامراتلىقنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىغىلى بولمايدۇ.» بىر كەنت ئاھالىسى مۇنداق دېدى: قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ، كۆپچىلىك بىرلىكتە چارە ئويلىشى، يول ئىزدىشى، پۇرسەتنى تۇتۇشى كېرەك، كىم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئىرادىلىكلەر تاختىسى، شەرەپ تاختىسىغا چىقسا، شۇ يارايدۇ.

بۇ بىرنەچچە يىلدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ناھايىتى كۆپ سورۇنلاردا مۇنداق دېدى: «نامراتلارنى يۆلەشنى ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە قىلىش كېرەك.» نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ماددىي شارائىتنىڭ ياخشىلىنىشى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىدۇر. بۇ، جۇڭگونىڭ نامراتلىققا قارشى تۇرۇش كۆرىشى تېمىسىنىڭ مەنىسى.

(5)

ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى شۇجىلىرىنىڭ «ئىش ئورنىغا قايتىش» ھېكايىسى ——

«نامرات ناھىيەلەرنىڭ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى شۇجىلىرى، ھاكىملىرى شۇ جايدا مۇقىم تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئاخىرغىچە زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ ‹كېتىشكە بولمايدۇ›»

يېقىندا، بىر پارچە «بەش نەپەر شۇجى بىر رامكىدا» دېگەن سۈرەت ئالاقە توردا كەڭ تارقالدى.

سىم - سىم باھار يامغۇرىدا، شەنشى چىنبا تاغلىق رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولۇۋاتقان باش شۇجى شى جىنپىڭ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئەمگەك قىلىۋاتقان چايچى دېھقانلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا شەنشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئەنكاڭ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، پىڭلى ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جياڭجياپىڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بار ئىدى.

يىراقتىكى تاغلار خۇددى قىزلارنىڭ قېشىدەك گۈزەل بولۇپ، چايزارلىقلار خۇددى رەسىمگە ئوخشايتتى. پارتىيەنىڭ باش شۇجىسىدىن ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسىغىچە، كىشىلەر پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك ئاددىي ھېسسىياتىنى ھېس قىلدى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشكىلىي ئەۋزەللىكى ۋە تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى كۆردى.

ۋاقىتنى بەش يىل ئالدىغا سۈرەيلى.

2015 - يىلى 11 - ئاي، بېيجىڭ جىڭشى مېھمانخانىسى. سىرتتىكىلەر تەرىپىدىن «تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم»لىك دېيىلگەن مەركەزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى يىغىنى بۇ جايدا ئېچىلدى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى 22 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)نىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيەتنامىسىگە تەنتەنىلىك ھالدا ئۆز ئىسىملىرىنى يېزىپ ئىمزا قويدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇشكۈل ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان بۇ «بىرىنچى قول رەھبەر»لەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا «ھەربىي بۇيرۇقنى ئورۇنداش ۋەدىنامىسى» بەردى.

ئارمىيەدە ئوينىشىدىغان ئىش يوق. باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇنداق تەكىتلىدى: «ھەربىي بۇيرۇقنى ئورۇنداش ۋەدىنامىسىنى خالىغانچە بېرىشكە بولمايدۇ، بىز دېگەن ئىكەنمىز قىلىشىمىز كېرەك».

ئۆلكە مەركەزگە «ھەربىي بۇيرۇقنى ئورۇنداش ۋەدىنامىسى» بېرىشى، ۋىلايەت، شەھەرلەر ئۆلكىگە، ناھىيەلەرمۇ ۋىلايەت، شەھەرلەرگە «ھەربىي بۇيرۇقنى ئورۇنداش ۋەدىنامىسى» بېرىشى كېرەك، بېسىمنى قاتلاممۇقاتلام يەتكۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام چىڭىتىش كېرەك.

بۇ قېتىمقى يىغىن ئېچىلىپ تەخمىنەن يېرىم يىلدا، 2016 - يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، دابىيشەن تاغلىق رايونىغا جايلاشقان ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ ليۇئەن شەھىرى جىنجەي ناھىيەسى بىر قېتىم ناھىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئاچتى، يىغىندا يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ يولداش پەن دۇڭشۇنىڭ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسلىق ۋەزىپىسىنى ئەمدى ئۆتىمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارارى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ ليۇئەن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغانىدى.

كۆپچىلىك ئويلىمىغان يەردىن، 12 كۈندىن كېيىن، يولداش پەن دۇڭشۇ يەنە قايتىپ كەلدى — ۋەزىپىسى يەنىلا ليۇئەن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، جىنجەي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئىدى.

ئەسلىدە بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جىنجەي ناھىيەسىدە تەكشۈرۈشتە بولۇپ، مۇنۇلارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى: «نامراتلارنى يۆلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشتا، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك نامراتلارنى يۆلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قەتئىي بوشاشماي چىڭ تۇتۇش كېرەك.» يولداش پەن دۇڭشۇنىڭ «ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ» يەنە «ئىش ئورنىغا قايتىشى» دەل باش شۇجى ئۆزى بەرگەن يوليورۇق.

«ئەمدى ئەمەلىي ئىش قىلىش كېرەك، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى شۇجىلىرى، ھاكىملىرى شۇ جايدا مۇقىم تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئاخىرغىچە زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ ‹كېتىشكە بولمايدۇ›، بىر لوبوغا بىر ئورەك كېتىدۇ، سۇدىن چىقمىغۇچە، پۈتتەكى لايىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇنداق تەكىتلىدى: «بۇ ماددا بولمىسا، ھەممە كىشى پېشىنى قېقىپلا كېتىپ قالسا، ئۇنداقتا بۇ ئايغى ئۈزۈلمەيدىغان زىيايەت، ئايغى ئۈزۈلمەيدىغان مېھماندارچىلىق بولۇپ قالىدۇ».

2017 - يىلى چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭبېي ناھىيەسى دېشېڭ كەنتىگە كېلىپ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى يوقلىدى ھەم ئۇلاردىن ھال سورىدى. كەنت ئاھالىسى شۇ خەيچىڭنىڭ ئۆيىدە، ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خاۋ فۇگو دېشېڭ كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى سۇ خۇيبىننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ باش شۇجىغا مۇنداق دەپ دوكلات قىلدى: «بۇ، ئۆلكە ئەۋەتكەن 1 - شۇجى، مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى، جۆملىدىن، فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنى كىرگۈزدى، قۇدۇق قېزىپ يول ياسىدى، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى».

«بىزنىڭ نىشانىمىز ‹نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغۇچە، ئالاقىنى ئۈزمەسلىك›.» سۇ خۇيبىن ئارقىدىنلا باش شۇجىغا مۇنداق دوكلات قىلدى: مەن 2016 - يىلى 2 - ئايدا كەنتكە كېلىپ 1 - شۇجىلىقنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، ھەر ئايدا كەنتتە 20 نەچچە كۈن ئىشلىگەنىدىم.

«پويىز تېز يۈرۈشتە پۈتۈنلەي پاراۋۇزغا تايىنىدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى پاراۋۇز دەل پارتىيە ياچېيكىسى. نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت ئەتترىتى، 1 - شۇجى ئەۋەتتۇق، بۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى بار بولدى، ئاچقۇچ پۇختىلاش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرۇشتا. 1 - شۇجى نامراتلارنى ھەقىقىي يۆلەپ، كەمتەرلىك بىلەن بۇ جايدا ئىشلىشى كېرەك.

سۇ خۇيبىن بۇ سۆزلەرنى خاتىرىلىۋالدى.

«ئېغىر نامراتلىق قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنى، بۇنداق جەڭنى قىلىشقا ئەڭ ماھىرلارنى ئەۋەتىش كېرەك» — بۇ، باش شۇجى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلگەن قاراش.

ئۇ كۆپ قېتىم مۇنداق كۆرسەتتى: يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى پۇختىلاشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيەسى ياخشى، ئىستىلى دۇرۇس، ئىقتىدارى كۈچلۈك بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش كادىرلار ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى نامرات كەنتلەرگە بېرىپ خىزمەت قىلىشقا تاللاپ ئەۋەتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1 - شۇجىنىڭ خىزمەتلەرنى قانداق قانات يايدۇرۇشىغا قارىتا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دائىم ئۇلارغا مۇنداق چارە كۆرسەتتى: ھەقىقىي تۆۋەنگە چۈشۈپ، كەمتەر بولۇپ كەنتكە بېرىپ ئىشلەش، ئاما بىلەن بىللە ئىشلەش كېرەك، قولنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلماسلىق، ئۈچ كۈن بېلىق تۇتۇپ ئىككى كۈن تور قۇرۇتماسلىق، سىرلىق بولۇپ باش - ئاخىرى كۆرۈنمەيدىغان ئىشنى قىلماسلىق كېرەك.

نامرات رايونلاردىكى كادىرلارنىڭ خىزمىتى جاپالىق، باش شۇجى بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قەلبىگە پۈكتى.

2019 - يىلى يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە، ئۇ 1 - شۇجىلارغا ئىللىق سالام يوللىدى. خەلق گېزىتخانىسىدا، ئۇ خەلق گېزىتخانىسى ئەۋەتكەن خېبېي ئۆلكىسى لۇەنپىڭ ناھىيەسى يۈيىڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى بىلەن سىنلىق كۆرۈشۈپ، خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەم پۈتۈن مەملىكەتتىكى نامراتلارنى يۆلەش بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق بارلىق 1 - شۇجىلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى.

«ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى خىزمەت، تۇرمۇشتىكى غەم - ئەندىشىلەردىن تىرىشىپ خالاس قىلىش كېرەك، ھەرقايسى تەرەپلەردىن ساپاسى ياخشى، شارائىتى ھازىرلانغانلارنى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

2015 - يىلى 11 - ئايدا، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى قارارى»دا مۇنداق دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە نامرات ناھىيەلەردىكى ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىپادىسى مۇنەۋۋەر بولغان، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلارنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى، يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، 2015 - يىلىدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جەمئىي 459 مىڭ كىشى 1 - شۇجىلىققا تاللاپ ئەۋەتىلدى، ھازىر ئىش ئورنىدا 230 مىڭ كىشى بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات كەنت ۋە پارتىيە تەشكىلى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ كەنتنىڭ ھەممىسنى قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئامما تەرىپىدىن «پارتىيە ئەۋەتكەن ياخشى كادىر» «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشتىكى باشلامچى» دەپ تەرىپلەندى.

(6)

يولنىڭ ھېكايىسى ——

«بۇ ھەقىقەتەن تۇسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، تاغلاردىن ئېشىپ، دەريالارنى كېچىش بولدى»

«جۇڭگونىڭ نامراتلارنى ئازايتىش يولىنىڭ ئالاھىدە يېرى قەيەردە؟»

2019 نامراتلارنى ئازايتىش ۋە تەرەققىيات يۇقىرى قاتلامدىكىلەر مۇنبىرىدە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سىستېمىلىق ماسلاشتۇرغۇچىسى لو شىلى مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈن، بېسىپ ئۆتكەن يولنى ئەسلەشكە توغرا كېلىدۇ.

50 يىل ئىلگىرى، شەنشى لياڭجياخېدىكى سېرىق توپىلىق يەردە جىلغىلار گىرەلىشىپ كەتكەنىدى، يولداش شى جىنپىڭ يۇقرالارنىڭ جاپاسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئاممىنىڭ دەردىنى ھېس قىلدى.

«زىيالىي ياشلار يېڭى بارغاندا ئازراق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى، كېيىن ئۆزىگە تايىنىپ ئەمگەك قىلىپ يۇقرالارغا ئوخشاش قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتتى.» كۆپ يىللاردىن كېيىنمۇ يولداش شى جىنپىڭنىڭ يەرلىك يۇقرالارنىڭ دائىم مۇنداق دەيدىغانلىقى ئېسىدە ئىدى: « 1 - ئايدا سەمرىيمىز، 2 - ئايدا ئورۇقلايمىز، 3 -، 4 - ئايدا يېرىم جان بولۇپ قالىمىز.» ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتىدا، ھەممە ئائىلىلەر قېپقالغان ئاشلىقنى يەر تېرىيدىغان قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرىگە قالدۇراتتى، ئاياللار بالىلىرىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلاتتى.

«دەسلەپتە، زىيالىي ياشلارنىڭ كالىلىسىدىكىنىڭ ھەممىسى ئۇقۇملاشقان نەرسىلەر بولۇپ، تىلەمچىلىك قىلىشنى ياخشى ئىش ئەمەس دەپ قارايتتۇق... كېيىن، بىز ئۆزىمىز تىلەمچىلىك قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغىلى تاس قالغاندا، ئاندىن بۇ ئىشنىڭ قانداقلىقىنى چۈشىنىپ، سىرتقا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغانلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن يول خېتى كېسىپ بەردۇق، تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بەردۇق. ئۇ چاغدا، بۇ ئەھۋاللار بىزگە قاتتىق تەسىر قىلىپ، دېھقانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق جاپادا قالغانلىقىنى ھېس قىلدۇق».

نەچچە ئون يىلدىن كېيىن، شى جىنپىڭ جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى سۈپىتىدە ئامېرىكىدا زىيارەتتە بولدى، ۋاشىنگتون ئىشتاتىدا ئۆتكۈزۈلگەن يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئامېرىكا دوستلۇق تەشكىلاتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن بىرلەشمە قارشى ئېلىش زىياپىتىدە، پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئەينى يىللاردىكى سەممىي ئارزۇسىنى بايان قىلدى: «مەن ناھايىتى ئارزۇ قىلىدىغان بىر ئىش، دەل يۇرتداشلارنى تويغۇچە بىر ۋاق گۆش يېگۈزۈش ھەم دائىم گۆش يېيەلەيدىغان قىلىش ئىدى».

دەل مۇشۇنداق مۇشكۈل يولنى بېسىپ ئۆتكەچكىلا، نامراتلىققا قارشى جەڭ قىلىش ئىرادىسى ئاندىن مۇشۇنداق مۇستەھكەم بولغانىدى. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك: «جۇڭگونىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى نامراتلارنى ئازايتىش ئىشلىرىنىڭ مۇساپىسىنى ئەسلىسەم، مەن چوڭقۇر، بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە بولىمەن».

جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ «تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرماسلىق» جاراڭلىق قەسىمدە، مىليونلىغان «لياڭجياخې»نىڭ كونا قىياپىتى يېڭىلاندى — «ئاسفالت يول ياسالدى، يۇرتداشلار خىشكاھىشلىق ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، ئالاقە تورى ئىشلەتتى، ياشانغانلار ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىدىن بەھرىمەن بولدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بار بولدى، بالىلار ياخشى تەربىيە ئالالايدىغان بولدى، ئەلۋەتتە، گۆش يېيىشتە چاتاق يوق».

فۇجيەننىڭ شوۋنىڭ ناھىيەسى شىيادىڭ يېزىسىنىڭ تاغ يولى كىشىنى تەسرلەندۈرىدىغان بىر ئۆتكەن ئىشقا گۇۋاھ بولدى.

30 يىل ئىلگىرى، شىيادىڭنىڭ تاغ يولى ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ ئاممىنى يېتەكلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى.

«ئۇ جاي بەك چەت، يول يۈرۈش تەس بولغاچقا، يۇقىرىدىكى كادىرلار ناھايىتى ئاز باراتتى. ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرىدىن مەن بىرىنچى بولۇپ بارغان.» يولداش شى جىنپىڭ دائىم ئەينى يىللاردىكى مەنزىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەقىقەتەن تۇسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، تاغلاردىن ئېشىپ، دەريالارنى كېچىش بولدى. يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چەيدو بىلەن ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭدى. ھەر بىرىمىز بىردىن بامبۇك خادىنى ئېلىپ، دەريا بويىنى بويلاپ ماڭدۇق، ئۇ مۇشۇنداق ماڭساق يېقىنراق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى».

شۇ جايدىكى يۇقرالار ئۆزلۈكىدىن يولغا كېلىپ، ھەر ئىككى - ئۈچ چاقىرىمغا چىپلەك - چىپلەكلەپ يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىدىن تەييارلانغان سوغۇقلۇق شورپا قويۇپ، يولداش شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

«گەرچە ناھايىتى ھېرىپ كەتكەن بولسامۇ، لېكىن بەك تەسرلەندىم.» يولداش شى جىنپىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: «بۇنداق جايغا بىر قېتىم بارسىڭىز، ئۇلار سىزنى نەچچە ئەۋلاد ئۇنتۇمايدۇ. ھازىرمۇ ئۇلار: ئەينى يىلى شۇجى شى جىنپىڭ شىيادىڭ يېزىسىغا كەلگەن، دېيىشىدۇ. فۇلى مېگلۇڭ شوۋنىدا ھاكىم بولغان، ۋەزىپىگە ئولتۇرغان مەزگىلدە يول مېڭىشقىلا بىر يىل كەتكەن. بىز بۇ خىل روھنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك، ئەمەلىي تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى راھەت قوغلاشسا، فېئودالىق دەۋردىكى مەنسەپدارلاردىن نېمە پەرقى بولسۇن».

بۈگۈن، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان 1 - شۇجى، كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار ئەڭ نامرات جايلاردا چىڭ تۇرۇپ، كەنتلەرگە كىرىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ، بىر ئادەمگە بىر تەدبىر قوللىنىپ، «كېسەل يىلتىزى»نى توغرا تېپىپ، «نامراتلىق يىلتىزى»نى يۇلۇپ تاشلىماقتا.

ئىككى يىل ئىلگىرى، سىچۈەننىڭ دالياڭشەن تېغىنىڭ تاغ يولى ئېگىز - پەس بولۇپ، تىك يارلىق ئىدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يولنى يىراق كۆرمەي ئۇ جايغا باردى، ئۇ جايدىكى يېزا ئاممىسىغا غەمخورلۇق ۋە ئۈمىد ئېلىپ باردى.

ئىشكىنى ئاچسىلا تىك قىيا، ئارقىسى تىك يار - دالياڭشەن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدە، ئاتۇلېر كەنتىدىكىلەرنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد «يول»غا بولغان ئوبرازلىق تونۇشى قاتمۇقات تىك قىيا، قاتمۇقات تەبىئىي توسالغۇلاردىن باشلانغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 130 - يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى تاڭ مېڭ تاغقا يولۇقسا يول ئېچىپ، سۇغا يولۇقسا كۆۋرۈك سېلىپ، غەربىي جەنۇبتا يول ياساشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، «ياسىيالمىغان». يول خەتەرلىك بولۇپ، ئىشقا ئاشۇرۇش تەس بولغان. بۇ يەردىكى كەنت ئاھالىلىرى كالتەك ۋە چۇبۇق بىلەن ئەڭ خەتەرلىك جايدا چۇبۇق شوتا ياسىغان، بۇ «پەلەك شوتا»سى ئۇلارنىڭ تەقدىرگە قارشى كۆرەش قىلىشتىكى بىردىنبىر چىقىش يولى ۋە ئۈمىدى ئىدى.

«كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سەپەرگە چىقىش ھالىتىنى كۆرۈپ، ناھايىتى بىئارام بولدۇم.» 2017 - يىلى ئەمەلەكەتلىك «ئىككى يىغىن»دا، باش شۇجى شى جىنپىڭ لياڭشەن ئوبلاستىدىكى «ئېگىز ھەم تىك قىيالىق كەنت»كە ئائالاقدار تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، كۆڭلى بۆلگەنلىكى چىرايىدا ئىپادىلەندى.

شۇ جايدا يېڭى تۆمۈر شوتا ياسالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، باش شۇجىنىڭ كۆڭلى «سەل ئارام تاپقاندەك بولدى». بولۇپ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان «ئېگىز ھەم تىك قىيالىق كەنت»نى ساياھەتچىلىك يولىغا قويۇلۇپ، مېھمانلار جەلپ قىلىندى؛ تەشۋىشلەنگەن ئاتا - ئانىلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە بېرىش يولىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدى.

بىپايان جۇڭخۇا زېمىنىدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يۈز مىليونلىغان خەلققە كۆرەش يولى ئېچىپ بەردى ——

«بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى پۈتۈن ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش ئىگىلەشتە چىڭ تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، نامرات رايونلاردا يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. خاس كەسىپلەر ئۈزلۈكسىز زورايدى، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىقلار بىرھەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچى ۋە تەرەققىيات زاپاس كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى».

مۇشۇ پەيتتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، جاسارەت بىلەن ئاتلىنىشتا ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ.

«مەن كۆپ قېتىم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەرگىزمۇ ئاسانلا بىر ھۇجۇم بىلەنلا يەڭگىلى بولمايدۇ، ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتتىن ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقىچە، دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلار يەنىلا مۇشكۈل، بوشىشىپ كېتىشكە، بوشاڭلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ دېدىم». قېپقالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى مۇشكۈل بولۇش، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن يېڭى خىرىس، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى چوڭ بولۇش قاتارلىق رېئال ئەھۋاللار ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن - ئاخىر سەگەك، سوغۇققان بولدى، تەمكىنلىك بىلەن تاقابىل تۇردى.

دەسلەپتە لياڭجياخېغا كەلگەن زىيالىي ياشتىن، دۆلەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز خىزمەت قىلىدىغان خەلق داھىيسىغىچە، يولداش شى جىنپىڭ داۋاملىق تىك، جىلغىلىرى چوڭقۇر تاغ يوللىرىنى بېسىپ ئۆتتى، قار - مۇز قاپلىغان يېزا، كەنت يوللىرىنى بېسىپ ئۆتتى، مەۋج ئۇرغان بوغداي دولقۇنى ئارىسىدىكى ئېتىزلار، چەۋر يوللارنى بېسىپ ئۆتتى... بوران - چاپقۇنلۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، توختىماي ئىلگىرىلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ خەلقنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت داغدام يولدا چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەشكە يېتەكلىمەكتە.

(مۇخبىرلار جاۋ چېڭ، خو شىياۋگۇاڭ، جاڭ شىياۋسۇڭ، خوۋ شۈجىڭ، لىن خۇي، شى يۈسىن)

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى)